قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# تۇرۇپ قايتىپ كەلدى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب جۇڭگو چاتما رەسىملەر نەشرىياتىنىڭ 1997 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى، 1998 - يىل 3 - ئاي 3 - باسمىسىغا ئاساسەن تاللاپ تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

# تۇرۇپ قايتىپ كەلدى

«قىزىل يىڭناغۇچ» چۆچەكلەر توپلىمى (2)


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 889 × 1194mm، 1/48؛ باسما تاۋىقى: 0.5
2000 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى، 2015 - يىل 5 - ئاي 8 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 80547 - 812- 8

بىر يۈرۈش باھاسى: 12.00 يۈەن، پارچە باھاسى: 2.00 يۈەن

قىزىل يىڭناغۇچ چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# تۇرۇپ قايتىپ كەلدى




ئەسلىي ئاپتورى: فاڭ يىچۈن

ئۆزگەرتىپ تۈزگۈچى: جۇ ۋېي

تەرجىمە قىلغۇچى: روشەنگۈل تۇرسۇن




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى




1. قار يېغىپ سوغۇق چۈشۈپتۇ. ئاق توشقاننىڭ ئوزۇقى تۈگەپ سىرتقا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ چىقىپتۇ.


2. ئاق توشقان قار ئاستىنى كولاپ، ئىككى تال تۇرۇپ تېپىپتۇ.




3. «ھاۋا بەك سوغۇق، مايمۇنچاقنىڭ چوقۇم
قورسىقى ئاچتى، مەن بۇ تۇرۇپنى ئۇنىڭ بىلەن
بىللە يەيچۇ » دەپ ئويلاپتۇ ئاق توشقان.




4. ئاق توشقان ئىككى تال تۇرۇپنى ئېلىپ، مايمۇنچاقنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. ئۇ ئىشىكنى قاققان ئىكەن، ئۆي ئىچىدىن سادا چىقماپتۇ.





5. ئاق توشقان ئۆيگە كىرسە،ئۆيدە ھېچكىم يوق. ئەسلىدە مايمۇنچاقمۇ سىرتقا يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن.



6. ئاق توشقان تۇرۇپنىڭ كىچىكىنى ئۆزى يەپ، چوڭىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ.



7. بۇ ۋاقىتتا، مايمۇنچاقمۇ يەي-
دىغان نەرسە ئىزدەۋېتىپ: «قار بەك
قېلىن يېغىۋاتىدۇ، بۇغىنىڭ قورسى-
قى چوقۇم ئېچىپ كەتتى، مەن يېگۈ-
دەك بىرەر نەرسە تاپالىسام ئۇنىڭ بى-
لەن بىللە يېيىشىم كېرەك» دەپ ئوي-
لاپتۇ.

8. مايمۇنچاق قار ئاستىدىن بىر نەچچە تال خاسىڭ تېپىۋاپتۇ.





9. مايمۇنچاق كىچىك بۆغىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. كېتىۋېتىپ،ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: «بىرسى كەلدىمۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپتۇ.

10. مايمۇنچاق ئۆيگە كىرىپ، ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان يوغان تۇرۇپنى كۆرۈپ:
«بۇنى چوقۇم يېقىن دوستۇمدىن بىرەرسى ئەكەلدى. مەن بۇنى كىچىك بۇغىغا ئاپىرىپ
بېرەي» دەپتۇ.





11. مايمۇنچاق كىچىك بۇغىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قارىسا،ئىشىك مەھكەم ئېتىكلىك ئىكەن.



12. ئەسلىدە كىچىك بۇغىمۇ سىرتقا يېگۈدەك بىرەر نەرسە ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ئىكەن.



13. مايمۇنچاق قولىدىكى تۇرۇپنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويۇپتۇ.




14. بۇ ۋاقىتتا كىچىك بۇغىمۇ قاردا نەرسە ئىزدىگەچ: «هاۋا بەك سوغۇق، ئېيىقچاقنىڭ قورسىقى چوقۇم ئېچىپ كەتتى، مەن يېگۈدەك بىرەر نەرسە تاپالىسام، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەيچۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.

15. كىچىك بوغا قار ئاستىدىن بىر توپ كەرەپشە تېپىۋاپتۇ.



16. كىچىك بۇغا كەرەپشىنى ئېلىپ ئېيىقچاقنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قاردىكى ئاياغ ئىزىنى كۆرۈپ قاپتۇ.






17. ئۇ ئۆيگە كىرىپ، دېرىزە تەكچىسىدىكى تۇرۇپنى كۆرۈپ: «بۇنى چوقۇم يېقىن دوستۇم سوۋغا قىلدى، مەن بۇنى ئېيىقچاق بىللە يەيچۇ» دەپ ئويلاپتۇ.




18. كىچىك بوۋغا ئېيىقچاقنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى ئاچ!» دەپ توۋلاپتۇ. ئەمما ئۆي ئىچىدىن سادا چىقماپتۇ.



19. ئەسلىدە ئېيىقچاقمۇ يېگۇدەك
بىرەرنەرسە ئىزدەپ سىرتقا چىقىپ
كەتكەن ئىكەن. كىچىك بۇغا قولىدىكى
تۇرۇپنى ئىشىك تۇۋىگە قويۇپ قويۇپتۇ.



20. بۇ ۋاقىتتا، ئېيىقچاقمۇ قار ئاستىدىن يېگۈدەك نەرسە ئىزدىگەچ: «قار بەك قېلىن، ئاق توشقاننىڭ چوقۇم قورسىقى ئېچىپ كەتتى، مەن بىرەر نەرسە تاپالىسام، ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەيچۇ!» دەپ ئويلاپتۇ.



21. ئېيىقچاق قار ئاستىدىن بىر قىزىلچا تېپىۋاپتۇ. ئۇ قىزىلچىنى ئېلىپ، ئاق توشقاننىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىشىك تۈۋىدىكى تۇرۇپنى كۆرۈپتۇ.



22. «بۇ چوقۇم يېقىن دوستۇمنىڭ ماڭا قىلغان سوۋغىسى» دەپ ئويلىغان ئېيىقچاق تۇرۇپنى كۆتۈرۈپ ئاق توشقاننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئاق توشقان ئۇخلاۋاتقان ئىكەن، ئېيىقچاق تۇرۇپنى ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.



23. ئاق توشقان ئويغىنىپ،كارىۋات بېشىدا تۇرغان تۇرۇپنى كۆرۈپ: «تۇرۇپ قايتىپ كەپتۇ، بۇ چوقۇم يېقىن دوستۇمنىڭ سوۋغىتى!» دەپتۇ.

本书根据中国连环画出版社 1997 年 5 月第一版，1998 年 3 月第三次印刷版本选译出版。

# 萝卜回来了

红蜻蜓丛书（2）

新疆美术摄影出版社出版发行
新疆新华书店经销
新疆新华华龙印务有限责任公司印刷
889 × 1194 毫米　48 开　0.5 印张
2000 年 1 月第 1 版　2015 年 5 月第 8 次印刷
ISBN 978 – 7 – 80547 – 812 – 8

总定价：12.00 元　每册价：2.00 元（维）

مەسئۇل مۇھەررىرى : ماھىنۇر غوپۇر
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى : ئازات بارات



ISBN 978-7-80547-812-8

总定价: 12.00 元 每册价: 2.00 元（维）